# ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەقسىماتتا دەسلەپتە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارغا كىشى بېشىغا تۆت مىڭ دەرھەمدىن بېرىشنى بېكىتتى

ناپىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەقسىماتتا دەسلەپتە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارغا كىشى بېشىغا تۆت مىڭ دەرھەمدىن ئوغلىغا ئۈچ يېرىم مىڭ دەرھەمدىن بېرىشنى بېكىتتى، ئۇنىڭغا: ئوغلۇڭمۇ مۇھاجىرلاردىنغۇ؟ ئۇنىڭ نېمىشقا ئاز بولۇپ قالدى؟دېيىلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: باشقىلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھىجرەت قىلغان، ئۇنى بولسا ئاتىسى ھىجرەت قىلدۇرغان، ئابدۇللاھ ئۆزى ھىجرەت قىلغان كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەسلەپتە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارغا تۆتمىڭ دەرھەمدىن بەردى، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھاجىرلاردىن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭغا ئۈچ مىڭ بەشيۈز دەرھەم بەردى، چۈنكى ئۇ بالاغەتكە يەتمىگەن ۋاقتىدا دادىسى بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلغان ئىدى، ئۇنى بالاغەتكە يەتكەن مۇھاجىرلارنىڭ قاتارىغا قېتىشنى خالىمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان نەپىقىنى ئۆزى ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارغا بېرىدىغان نەپىقىدىن كەمەيتتۈەتتى، دۇنيادا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن ئۈممەتنىڭ مىلىغا كۆيۈنۈشتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش تەقۋادار بىر رەھبەر كۆرۈلمىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچىلارنىڭ مۇشۇنداق بولىشى تەلەپ قىلىندۇ، ئۇلار تۇغقانلىرىنىڭ يېقىنلىقى، بايلارنىڭ بايلىقى ۋە نامراتلارنىڭ نامراتلىقىدىن ئەيمىنىپ قالمىسۇن، بەلكى ھەر بىر كىشىنى ئۆز ئورنىغا چۈشۈرۈپ مۇئامىلە قىلسۇن مانا بۇ تەقۋالىق ۋە ئادىللىقدۇر



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee